# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيلى، كېڭەيتەيلى

## —— مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىدىغان تارىخىي ئۆتكەلدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش پۈتۈن پارتىيە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك چوڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشى. باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى قەتئىي ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىر تۈرلۈك تارىخىي خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلققە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نامرات ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشى، بىرلىكتە ياخشى كۈن كەچۈرۈشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى مىسلىسىز، سالمىقى ئەڭ زور، نەپ يەتكۈزىدىغان نوپۇس ئەڭ كۆپ بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تەشكىللەپ ئالغا سىلجىتتى. سەككىز يىل سىجىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، بىز يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملىدۇق، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، مۇتلەق نامراتلىق ۋە رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق تۈگىتىلىپ، 100 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئېچىپچە نەزەر بىلەن قارايدىغان مۇھىم، زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مۇھىم، زور غەلىبە بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچەيتتى؛ بۇ مۇھىم، زور غەلىبە پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا پارتىيەمىزنىڭ 100 مىليونلىغان خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ياراتقان جاھان مۆجىزىسىنى نامايان قىلىپ بەردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. كېيىنكى قەدەمدە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىپ، يېزا - كەنتلەردىكى كەسىپ، ئىختىساسلىقلار، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە، تەشكىلات قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.» «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكەلگەن بولسىمۇ، يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان خېلى بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولدى، لېكىن كىرىم سەۋىيەسى يەنىلا يۇقىرى ئەمەس، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاساسى يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز، بەزىلىرى ئازراقلا خەۋپ - خەتەر، ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلسە دەرھال نامراتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلاردا كەسىپلەر ئومۇميۈزلۈك جانلاندى، لېكىن تېخنىكا، مەبلەغ، ئىختىساسلىقلار، بازار قاتارلىقلارنىڭ تىرەك بولۇشى يەنىلا كۈچلۈك ئەمەس، بەزى جايلاردا ھەتتا ياردەم بېرىش - يۆلەش كادىرلىرى چېكىنسىلا، كەسىپلەر ۋەيران بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت مۈشكۈل، ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا، پەقەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ زور سالماق، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىر، تېخىمۇ جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق خىزمەتتە بوشلۇق قالدۇرماسلىق، سىياسەتتە بوشلۇق قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشتە، جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ھەردەم ھالەتتە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاسانلا قايتا نامراتلىشىپ كېتىدىغان نوپۇسقا قارىتا دائىملاشقان كۆزىتىپ ئۆلچەشنى يولغا قويۇپ، كىرىم سەۋىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى مۇستەھكەملەش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئارىلىشىش، بالدۇر ياردەم بېرىش - يۆلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، داۋاملىق دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارغا قارىتا كەسىپ ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، تېخنىكا، ئەسلىھە، ماركېتىڭ قاتارلىقلاردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، كەسىپنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. باشقا جايغا كۆچۈرگەندىن كېيىنكى داۋاملاشما يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يانداش ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ مۇقىم تۇرالايدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان، تەدرىجىي بېيىيالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيەلەرگە قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كۈندىن باشلاپ بەش يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىل تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ئۆتكۈنچى مەزگىلدە، ئاساسلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. ھازىر بار بولغان ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسەتلىرىنى تۈرلەر بويىچە ئايرىپ، ئەلالاشتۇرۇپ تەڭشەپ، تەڭشەشنىڭ رىتىمى، سالمىقى، ۋاقىت چېكىنى مۇۋاپىق ئىگىلەپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاشتىن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا سىلىق، مۇقىم ئۆتۈشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

«غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش تەس ئەمەس، غەلىبىنى ساقلاپ قېلىش، غەلىبە مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش تېخىمۇ تەس.» بۇ يىل «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى - تاشقى قىسمەندىكى خەۋپ - خەتەر، خىرىس كۆپەيدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ۋەزىپىسى ئېغىر. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 107 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

ئانار بۇلۇت/شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 107 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى(ئارگىنالى) قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، 2021 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېتەكلىك يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بىرتۇتاش ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، نىزام چىقىرىش شەكلىنى بېيىتىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە نازارەت قىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈنۈملۈك بولغان ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن، خىزمەت پىكىر يولىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە كېڭەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، مۇكەممەللىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا ئۆزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەركەزنى چۆرىدەپ چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، سىجىل كۈچەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، 2021 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# تاغدىن پارنىك ئارقىلىق بېيىش ماھىرى چىقتى

## —— ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى مەمەتتوغجى شىرئەلى توغرىسىدا

### ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن

«پارنىكنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئالدى بىلەن بىر پارنىككا چىڭسەي تېرىپ سىناپ باقىمەن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قوغۇن تېرىشقا تەييارلىق قىلىمەن.» 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئەمدىلا ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئاقتۇ ناھىيەسى كوئېنلۈن جىايۈەن ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى مەمەتتوغجى شىرئەلى پارنىكتا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

مەمەتتوغجى ھازىر كوئېنلۈن جىايۈەندىكى داڭلىق پارنىك كۆكتاتچىسى. لېكىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ئۇ ئېگىزلىكتىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان قىزىلتو يېزىسىنىڭ غىجەك كەنتىدە تۇراتتى، يازدا قوي باقاتتى، قىشتا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، تۇرمۇشى نامرات ئىدى.

مەمەتتوغجى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا دائىر نۇرغۇن ھېكايىنى ئاڭلىغان بولۇپ، بېيىش ئويى كۈچلۈك ئىدى. 2017 - يىلى، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىپ فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى زاۋۇتلارغا بېرىپ ئىشلەشكە تەشكىللىگەندە، مەمەتتوغجى بىلەن خوتۇنى قىلچە ئىككىلەنمەي تىزىملاتتى.

ئۇ بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق بولۇپ، چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندە، مەمەتتوغجى بىلەن خوتۇنى 43 مىڭ يۈەن پۇل تاپقاندى. توختام مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، كىچىك بالىسىنى سېغىنغاچقا، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن فۇجيەندە داۋاملىق قالمىدى.

يۇرتىغا قايتىپ كېلىپلا مەمەتتوغجى بىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلىدى، ئۇ تۇرۇشلۇق غىجەك كەنتى تاغدىن كۆچۈرۈلمەكچى ئىدى، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئازادە، يورۇق ئۆيلەر، ئىقتىدارى تولۇق ئولتۇراق رايون ئىدى.

مەمەتتوغجىنىڭ يېڭى ئۆيىنىڭ ئىشىكنى ئاچقان ئاشۇ دەقىقىدە قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقى ھېلىھەم ئېسىدە. سۇ، توك، پار تولۇق، ئاشخانىدا ئوچاق، ھاجەتخانىدا تەرەت تۇڭى بار بولۇپ، بۇ، ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئۆي ئىدى! باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى قولايلاشتى، كېسەل كۆرسىتىش، مال سېتىۋېلىشمۇ قولايلاشتى. «ھۆكۈمەت يەنە كۆچۈرۈلگەن ھەربىر ئائىلىگە بىردىن زامانىۋى پارنىك تەقسىملەپ بېرىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىمىزغا ياردەم بەردى. لېكىن مېنىڭ ئەينى چاغدا تېرىقچىلىقتىن ئازراقمۇ خەۋىرىم يوق ئىدى» دېدى مەمەتتوغجى ئەسلەپ.

بۇ ئەندىشىلەر ناھايىتى تېزلا يوقالدى. ئولتۇراق رايون پارنىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى تەشكىللەپ، كۆپچىلىككە پارنىك پەرۋىش قىلىش، تۇپراق يېتىشتۈرۈش، كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق تېخنىكىلارنى قولمۇقول ئۆگەتتى. مەمەتتوغجى تېرىقچىلىققا بارغانسېرى قىزىقىپ قالدى، ئۇ يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېرىقچىلىق تەجرىبىسى بار دېھقانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ پارنىكىغا بېرىپ ئۆگەندى.

سىناش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا، تۇنجى قېتىم تېرىغان پارنىك جاڭدۇسى ھوسۇل بەردى، گەرچە ئەڭ ياخشى سېتىش پەسلىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. بۇ مەمەتتوغجىنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇردى، ئۇ مەھەللىدىن تېخىمۇ كۆپ پارنىكنى ھۆددىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن تۆت پارنىككا تاۋۇز تېرىپ، يىللىق كىرىمنى 70 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇپ، نامراتلىق بىلەن خوشلاشتى.

مەمەتتوغجى مۇنداق دېدى: تېرىغان كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىنى مۇۋاپىق پەيتتە ساتىمەن، شۇڭا باھاسى بىرقەدەر يۇقىرى. «ھەر يىلى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، ھەرقايسى جايلاردا كۆكتاتلار كۆپلەپ بازارغا سېلىنىدۇ، مەن ئۇ چاغدا تېرىمايمەن، ئەمما بىكار تۇرمايمەن، ئوغۇت يىغىپ، يەرنى قۇۋۋەتلەپ، پارنىكلارنى رەتلەيمەن، يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاۋامۇ سوۋۇيدۇ، ئاندىن داۋاملىق تېرىيمەن».

ئۆگىنىشكە ماھىر مەمەتتوغجى ئولتۇراق رايوندىكى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ دائىملىق قاتناشقۇچىسى بولۇپ، نەزەرىيە بىلىملىرى بىلەن ئەمەلىي مەشغۇلات ئۈزلۈكسىز يۇغۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تېرىقچىلىق تەجرىبىسى بارغانسېرى بېيىپ، شۇ جايدىكى دېھقان تېخنىكقا ئايلاندى. ۋاقتى چىقسىلا مەمەتتوغجى تېرىقچىلىق قىلىدىغان، تەجرىبىسى كەمچىل دېھقانلارغا ھەقسىز ياردەم بېرىدۇ ۋە مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ھازىر مەمەتتوغجى ئائىلىسىنىڭ پارنىكى يەتتىگە كۆپەيدى، ئۇ يېڭى سورتلارنى تېرىپ سىناپ بېقىشنى ئويلىدى. ئۇ كېلەر يىلى 2 - ئايدىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئازراق چىڭسەي تېرىشنى، ئاندىن يەنە تۆت پارنىككا قوغۇن تېرىشنى پىلانلىدى، بۇنداق بولغاندا 4 - ئايدىلا چىلگە ساتقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە بىر پارنىككا جۇسەي تېرىشنى پىلانلىدى. مەمەتتوغجى مۇنداق دېدى: تېرىلىدىغان سورتلارنى كۆپەيتىپ تېخىمۇ كۆپ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىلا، ئاندىن كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دادىللىق بىلەن سىناش ئارقىلىق مەمەتتوغجى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. «بۇلتۇر ئۆيۈمنى قايتىدىن بېزىدىم، ھازىر ئۆيۈمدە تېلېۋىزور، راھەت سافا ۋە چىرايلىق ئۈستەل بار، بالىلارنىڭ ئۆيىگە بىر كىتاب ئۈستىلى ياساتتىم، پات ئارىدا كومپيۇتېرمۇ بار بولىدۇ.» كېيىنكى يىللىق پىلان تىلغا ئېلىنسا، مەمەتتوغجى ئۈمىدكە تولىدۇ: «بىز كۆكتاتلارنى قەشقەر بازىرىغا ئاپىرىپ ساتىمىز، كىرىمىمىز يامان ئەمەس، لېكىن بېرىپ - كېلىشتە ئاپتوموبىل كۆتۈرە ئالىمىز. كېلەر يىلى يازدا ۋاقىت چىقىرىپ شوپۇرلۇق ئىمتىھانى بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن، شۇنىڭدا ئاپتوموبىل سېتىۋالايمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم ئاپتوموبىل ھەيدەپ بېرىپ كۆكتات ساتىمەن، ئارام ئالغان ۋاقىتلاردا يەنە ئاپتوموبىل ھەيدەپ بالىلارنى ئەتراپتا ئوينىتىپ كېلىمەن…»